بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

52- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/03/01

مىلادىيە: 2018/11/09

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

t.me/@eserler

t.me/@tipislamawazi

## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَكَثُوا أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّوا بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُمْ بَدَءُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَنْ تَخْشَوْهُ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ ۞ قَاتِلُوهُمْ يُعَذِّبْهُمُ اللَّهُ بِأَيْدِيكُمْ وَيُخْزِهِمْ وَيَنْصُرْكُمْ عَلَيْهِمْ وَيَشْفِ صُدُورَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ ۞ وَيُذْهِبْ غَيْظَ قُلُوبِهِمْ وَيَتُوبُ اللَّهُ عَلَى مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ۞ أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تُتْرَكُوا وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَلَمْ يَتَّخِذُوا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلَا رَسُولِهِ وَلَا الْمُؤْمِنِينَ وَلِيجَةً وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش ئاچمايسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر [13]. ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ [14]. ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [15]. الله سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، اللهتىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز (يەنى سىنالمايمىز)، دەپ ئويلامسىلەر؟ الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [16]» (سۈرە تەۋبە 13- ئايەتتىن 16- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

قۇرئان، مۇشرىكلار ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىشنى داۋام قىلماقتا. چۈنكى، مۇشرىكلارغا ئالدىنقى ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغان تۆت ئاي مۇددەت ۋە ئامانلىقلار بېرىلىپ، بۇ مۇددەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۆمىنلەرگە ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى تازىلاپ تۈگىتىشتىن باشقا يول قالمىدى شۇڭا الله تعالى مۆمىنلەرنى كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش ئاچمايسىلەر؟». كاپىرلارنىڭ بۇ جىنايەتلىرى ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا يېتەرلىك سەۋەبتۇر. ئىچكەن قەسىمىنى بۇزۇش، مانا بۇ — بىرىنچىسى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺنى مەككىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشنى قەتئىي نىيەت قىلغان. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار سىلەرگە بەدىردە دەسلەپتە ئۇرۇش ئاچقان. يەنى، ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشتىن باشقىغا ئۇنىمىدى. مۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا جەڭ قىلمايسىلەر؟ ياكى سىلەر ئۇلاردىن قورققانلىقتىن جەڭ قىلىشنى تەرك ئېتىۋاتامسىلەر؟! ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، «ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر» چۈنكى اللهنىڭ دەرگاھىدىكى ئازاب مۇشرىكلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس شۇڭا الله قورقۇشۇڭلارغا ئەڭ لايىق زاتتۇر.

«ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار». مانا بۇ — جەڭ قىلىشقا بېرىلگەن ئوچۇق بۇيرۇقتۇر. الله تعالى مۇشرىكلارغا قىلىنىدىغان ئۇرۇشقا بېرىلىدىغان مۇكاپاتىنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ».

«الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ». بۇ تەۋبە ئىلگىرىكى تۆت مۇكاپاتقا ئوخشاش جەڭ قىلىشقا بېرىلگەن بۇيرۇقنىڭ مۇكاپاتى بولمىسىمۇ لېكىن اللهنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، ئىنسانلار ھەر قېتىملىق جەڭدە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسە، دۈشمەنلىرىگە مايىل بولۇپ قالىدۇ ھەمدە دۈشمەنلىرىنىڭ دىنى ۋە ئەخلاق-مىجەزلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىۋالىدۇ شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى نۇرغۇنلىغان كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ — «الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر. «الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». اللهنىڭ بۇ سۆزى جەڭگە قىلىنغان بۇيرۇقنى ۋە بۇ بۇيرۇقتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەرنى قارار قىلىپ بېكىتىش بولۇپ، بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا الله تعالىنىڭ خالىغان بەندىگە تەۋبە ئاتا قىلىشىدۇر.

«ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز (يەنى سىنالمايمىز)، دەپ ئويلامسىلەر؟». يەنى ئىمتىھان قىلىنماي تۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى سەممىي مۆمىنلەر بىلەن سەممىيەتسىز، يالغانچى، مۇناپىق كىشىلەر ئايرىلماي تۇرۇپ «قويۇپ بېرىلىمىز» دەپ ئويلامسىلەر؟ مۇناپىقلار ۋەسۋەسە قىلىدىغان ئىشلاردىن بىرى — سەممىي مۇجاھىدلارنى رىبات ۋە جىھادتىن سوۋۇتۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ سوۋۇتۇشقا كەلتۈرىدىغان ھۆججىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: «مەككە فەتھ قىلىنىپ بولدى، ئىسلام غالىب بوپ بولدى. ئۇنداق ئىكەن، مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟». بۇ مۇناپىقلار شۇنى ئوبدان بىلىشىدۇكى، ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كاپىر مىللەتلەر مۇسۇلمانلارنى تىنچسىز، پاراكەندە قىلىشنى ۋە مۇجاھىدلار قولغا كەلتۈرگەن ھەر قانداق غەلىبىنى بىكار قىلىشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ — «الله سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، اللهتىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز (يەنى سىنالمايمىز)، دەپ ئويلامسىلەر؟» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر چۈنكى بۇ يەردە سەممىيەتسىز ۋە نىفاق ئەھلى بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلار اللهنى، اللهنىڭ رەسۇلىنى ۋە مۆمىنلەردىن باشقىلارنى سىرداش دوست تۇتقان بولۇپ، ئۇلار بۇ دوستلىرىغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىرىنى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلار (مۇناپىقلار) نى يوشۇرۇپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ قېشىغا مەخپىي كىرىپ-چىقالايدىغان سىرداش دوستلارغا ئايلانغان شۇڭا الله تعالى «الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان.

### ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، جىھادقا قىزىقتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىشقا ياردەمچى بولىدىغان ھەرخىل ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، اللهقا ئىتائەت قىلىش ۋە اللهقا ئاسىي بولۇشنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق اللهتىن قورقۇشنىڭ پەرزلىكى.

ئۈچىنچى، ئىماننىڭ نەتىجىسى شىجائەت (باتۇرلۇق) بولۇپ، كىمنىڭ شىجائىتى ئاجىز بولغان بولسا، مانا بۇ — ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىغا دەلىل ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، كىشىلەرنىڭ اللهنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشى — جىھادنىڭ مېۋىلىرىدىن ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، جىھاد بولسا مۆمىنلەرنىڭ سەپلىرىنى ۋە قەلبلىرىنى پاكلايدىغان تازىلاش ھەرىكىتى ئىكەنلىكى.

## دىني ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجاماەئە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

#### ئىماننىڭ كۈچىيىش ۋە ئاجىزلىشىپ تۇرىدىغانلىقى

ئەھلى سۈننە ۋەلجاماەئە شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇكى، ئىمان — سۆز ۋە ئەمەلدۇر؛ نۇرغۇن دەرىجە ۋە شاخچىلاردۇر؛ ئۇ ئىتائەت بىلەن زىيادە بولۇپ، كۈچىيىپ، ھەتتا تاغقا ئوخشاش (ھەم زور ھەم مۇستەھكەم) بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن كېمىيىپ ۋە ئاجىزلىشىپ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە قالمايدىغان دەرىجىدىمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئىمان ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىدا، بەلكەن ئىلىملىرى ۋە قىلغان ئەمەللىرى مىقدارى بويىچە پەزىلەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بەزى مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى يەنە بەزى مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىدىن كاملراق (كۈچلۈكرەك) بولىدۇ. بۇنىڭغا كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر دەلىلدۇر:

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا مَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ فَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ أَيُّكُمْ زَادَتْهُ هَذِهِ إِيمَانًا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَزَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ﴾ «(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): <بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى> دەيدىغانلار بار. مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل-ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ» (سۈرە تەۋبە 124- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا جَعَلْنَا أَصْحَابَ النَّارِ إِلَّا مَلَائِكَةً وَمَا جَعَلْنَا عِدَّتَهُمْ إِلَّا فِتْنَةً لِلَّذِينَ كَفَرُوا لِيَسْتَيْقِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ وَيَزْدَادَ الَّذِينَ آمَنُوا إِيمَانًا وَلَا يَرْتَابَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ وَالْمُؤْمِنُونَ وَلِيَقُولَ الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ وَالْكَافِرُونَ مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَذَا مَثَلًا كَذَلِكَ يُضِلُّ اللَّهُ مَنْ يَشَاءُ وَيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَمَا يَعْلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا هُوَ وَمَا هِيَ إِلَّا ذِكْرَى لِلْبَشَرِ﴾ «بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق. بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق. تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدىكى بۇ ساننى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىماي، مۆمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ﷺنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي. ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)، كاپىرلار: <بۇ مىسالدىن الله نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ> دەيدۇ. الله مۇشۇنداق خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ (يەنى الله بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر» (سۈرە مۇددەسسىر 31- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾ «الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر» (سۈرە ئەنفال 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَانًا مَعَ إِيمَانِهِمْ وَلِلَّهِ جُنُودُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ «مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى اللهنىڭدۇر، الله (خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە فەتھ 4- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇناق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ «(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: <شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار> دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: <بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!> دېدى» (سۈرە ئال ئىمران 173- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر نەرسىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە ۋە الله ئۈچۈن يامان كۆرسە، ئۇنداقتا، ئۇ كىشى ئىماننى تولۇقلىغان بولىدۇ» («سەھىھ سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»تىن ئېلىندى).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمكى بىر مۇنكەرنى كۆرسە قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قەلبىدە نارازى بولسۇن. ئەنە شۇ قەلبى بىلەن

(ئاخىرى 2- بەتتە)





(بېشى 3- بەتتە)

### رازۋېدكىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر



1. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىش.

2. رازۋېدكا توختاپ قالماسلىقى ۋە جەڭ بولمىغان ئەھۋاللاردىمۇ داۋاملىشىپ تۇرۇشى كېرەك. (جەڭ ئەمەلىيىتى قىلىنىشقا مەخسۇس رازۋېدچىكلار دۈشمەن ھەققىدە ئېنىق ۋە ئىنچىكە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم رازۋېدكا قىلىشى كېرەك. لېكىن، رىباتتا تۇرۇۋاتقان، جەڭ بولمىغان ۋاقىتلاردىمۇ دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن كىچىك تۈردىكى رازۋېدكا خىزمەتلىرىنى توختاتماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن، دۈشمەننى بەك ئېچكىرىلەپ كىرىپ كۆزەتمىسەكمۇ، بىر نەچچە كىشى رىبات ئورنىمىزدىن ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرىپ دۇربۇندا كۆزىتىش دېگەندەك كىچىك تۈردىكى رازۋېدكىلارنى داۋاملىق قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك). ناۋادا بىز كىچىك تۈردىكى رازۋېدكىلارنى توختىتىپ قويساق، دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەرسىز قالىمىز-دە، دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا بىز ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن ئىش بولىدۇ. دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا يەردىن ئېغىر قوراللىرىمىزنى ئەكېلىشكە، يارىدەمگە ئادەم چاقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى تالاپەتلەر يېتىپ قالىدۇ. ئەگەر بىز دۈشمەننى كۆزىتىشنى (يەنى كىچىك تۈردىكى رازۋېدكىنى) توختىتىپ قويماي ھەمىشە داۋاملاشتۇرساق، دۈشمەننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرالايمىز. مەسىلەن، قەيەرگە يېڭىدىن مۇداپىئە ياسىدى، ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىۋاتامدۇ، ئېغىر قوراللىرىنى يۆتكەپ ئەكېلىۋاتامدۇ-يوقمۇ؟ دېگەندەك دۈشمەننىڭ يېڭى ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىپ تۇرالايمىز.

ئەگەر دۈشمەن، مۇداپىئەلىرىنى كۆپەيتىۋاتقان، ئەسكەر ۋە ئېغىر قوراللىرىنى يۆتكەپ ئەكېلىۋاتقان بولسا، بۇ — دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە ياكى باشقا ئەسكىرىي مەقسەتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كىچىك تۈردىكى رازۋېدكا خىزمىتىنى دائىمىي ئېلىپ بارساق، دۈشمەن ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا ئەمەس بەلكى ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن قارىتا تەييارلىق قىلىۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، رازۋېدكىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا توختاتماسلىقىمىز كېرەك.

3. يوشۇرۇن بولۇش. (رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ۋە ئەمىردىن باشقىلار بىلمەسلىكى.)

4. رازۋېدكىغا ھەر ۋاقىت ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇش.

5. رازۋېدكىدا ئېرىشكەن مەلۇماتلار توغرا ۋە ئېنىق بولۇش.

جەڭ پىلانى رازۋېدكا مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ تۈزۈلىدۇ. ئەگەر رازۋېدكا مەلۇماتى ئېنىق بولمىسا ياكى خاتا بولۇپ قالسا، ئەڭ يەڭگىل بولغاندا، شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپىرەك بولۇش بەدىلىگە بولسىمۇ كۆزلىگەن نىشانى فەتھ قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئېغىر بولغاندا، شۇنچە تىرىشچانلىقلارنى قىلىپ، قۇربانلىقلارنى بېرىپ، قىلغان جەڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. (يەنى شەھىد ۋە يارىدارلار شۇنچە كۆپ بولۇپ تۇرۇپمۇ، جەڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن.) رازۋېدكىنىڭ جەڭ پىلانى تۈزۈش ۋە جەڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى رولى بەك چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رازۋېدكىدا ئالغان مەلۇماتلارنىڭ توغرا ۋە ئېنىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

6. رازۋېدچىكلار رازۋېدكىدا ئالغان مەلۇماتلارنى ئەمىرگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى، ئەمىر-قوماندانلارمۇ رازۋېدكىدا ئېرىشكەن مەلۇماتلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر رازۋېدچىكلار ئالغان مەلۇماتلارنى ئەمىرگە ۋاقتىدا تاپشۇرماي كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرسا، ئەمىر ئۇ مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ شۇ بويىچە پىلان تۈزسە، بۇ مەلۇمات ۋە پىلان دۈشمەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، قىلىنغان بۇ رازۋېدكىنىڭ ۋە تۈزۈلگەن پىلانلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر رازۋېدچىكلار ئىگىلىگەن مەلۇماتلارنى ئەمىرگە ۋاقتىدا بەرگەن بولسا، لېكىن ئەمىر ۋاقتىدا تەكشۈرمىگەن ۋە شۇ مەلۇمات بويىچە ئىش تۇتمىغان بولسىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

مىسال: رازۋېدچىكلار دۈشمەن ھەققىدە مەلۇمات ئالدى، دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرى باشقىچە، ئىلگىرىلەپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار، لېكىن بۇ مەلۇماتنى ئەمىرگە ۋاقتىدا تاپشۇرمىدى ياكى ۋاقتىدا تاپشۇرغان بولسىمۇ ئەمىرلەر ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ شۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق قىلمىدى. بۇ ئەھۋالدا دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا، بىز بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ تۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بەزى تالاپەتلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. (يەنى دۈشمەننى چېكىندۈرەلىگەن تەقدىردىمۇ، شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپ بولۇپ كېتىشى ياكى چېكىندۈرەلمەي بىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.) دېمەك، بىز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن رازۋېدكىچى گۇرۇپپا «دۈشمەننىڭ ئۇ يەردە مۇداپىئەسى، بۇ يەردە تانكىسى بار ئىكەن، بۇ تەرىپى ئاجىز ئىكەن، بۇ يەردىن كىرمەك ئاسان ئىكەن» دېگەنگە ئوخشاش پايدىلىق مەلۇماتلارنى ئېلىپ كەلگەن لېكىن ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بەرمىگەن ياكى ۋاقتىدا تاپشۇرغان بولسىمۇ ۋاقتىدا تەكشۈرۈلمىگەن، ۋاقىت ئۆزىراپ مەلۇمات كونىرىغاندا، پىلان كونا مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن، جەڭ شۇ بويىچە قىلىنغان: مانا شۇ زەنجىرسىمان خاتالىقلار سەۋەبىدىن شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپ بولغان ھالەتتە نىشان فەتھ قىلىنغان ياكى چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. تەييار ئېلىنىپ بولۇنغان مەلۇمات ۋاقتىدا تاپشۇرۇلماسلىق ياكى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈلمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتكە قاراڭ!

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

### ھېكمەت دۇردانىلىرى

مۇسۇلمانلار ئەندەلۇس (يەنى ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە)نى فەتھ قىلغاندا، مۇجاھىدلارنىڭ سانى 12 مىڭ ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەندەلۇستىن قېچىپ چىققاندا بولسا، ئۇلارنىڭ سانى مىليوندىن ئاشاتتى. لېكىن، ئۇلار كۆپۈككە ئوخشايتتى.

دېمەك، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەلىبە ۋاستىسىنىڭ ئۆلچىمى مۇجاھىدلارنىڭ سانى ۋە قوراللىغا قاراشلىق بولغاندىن كۆرە، ئىمانى ۋە ساباتلىقىغا تېخىمۇ باغلىقتۇر.

(«ئەبۇ ئابدۇلمەلىك قانىلى»دىن ئېلىندى).

## جىھاد چەشمىلىرى

■ 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى باياناتى چىقىرىپ، 2010- يىلدىن بۇيان پاكىستان تۈرمىسىگە سولانغان ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ۋە موللا مۇھەممەد ئۆمەر رەھىمەھۇللاھنىڭ نائىبى بولغان قېرىندىشىمىز ئابدۇلغەنىنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىك خەۋىرىنى ئېلان قىلغان ۋە شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىدىكى پۈتۈن مۇجاھىدلارنى تەبرىكلىگەن.

■ 10- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى مەيدان ۋەرداك ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان مەيدان شەھرىدىكى ئافغان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ بىر مۇھىم بازىسىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەتنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن ئوسمان قەندەھارى ئېلىپ بارغان بولۇپ، مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي مەسئۇللىرى بەش دانە ئاپتوبۇستا بازىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇ قېرىندىشىمىز ئۆزىنى قوشۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە ئافغان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ 10 نەچچە نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇللىرى ۋە ساقچىلار ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. بازىدىكى بىر قىسىم ئەسكىرىي ماشىنىلار ۋەيران بولغان.

مەزكۇر بازا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ مۇھىم بازىسى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، مۇشۇ بازىدىن مەيدان ۋەرداك ۋىلايىتىدىكى مۇجاھىدلارغا قارشى ئەمەلىيەتلەر پىلانلىنىدىكەن. بۇ بازىدا ئاز دېگەندە 1300 دانە ئەسكىرىي ماشىنا بار ئىكەن.

■ 10- ئاينىڭ 27- كۈنى پاكتىيا ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ۋە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ شۇرا ئەزاسى موللا نەقىبۇللاھ خالىد ھەسەن ئامېرىكىنىڭ جاسۇس ئايروپىلانىنىڭ بومباردىمانىدا شەھىد قىلىنغان.

■ مالىدىكى «نۇسرەتۇل ئىسلام ۋەلمۇسلىمىن» جامائىتى بىر باياناتى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ باياناتتا 10- ئاينىڭ 28- كۈنى 80 گە يېقىن مۇجاھىد، مالىنىڭ تومبۇكتۇ ئۆلكىسىنىڭ بىر رايونىدىكى ب د ت نىڭ ھەربىي بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغانلىقى ئېيتىلغان.

ب د ت نىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، بۇ ئەمەلىيەتتە ئامانلىق قوغداش قىسمىنىڭ ئىككى نەپەر ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 12 نەپىرى يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى پەرۋان ۋىلايىتىدە ئىمارەت مەسئۇللىرىنى قەستلىمەكچى بولغان بىر گۇرۇپپا جاسۇسلارنى قولغا ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى پاكتىكا ۋىلايىتىنىڭ جامىل رايونىدا ئامېرىكىنىڭ بىردانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 29- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى ھىران ۋىلايىتىنىڭ ئېيىل مۇسلىم يېزىسىدا تاجاۋۇزچى ئېفىئوپىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا مىنائەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاز دېگەندە 30 نەپەر ئېفىئوپىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، شۇنداقلا ئۇلارنى توشۇپ ماڭغان ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 31- كۈنى پاكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسى، 2010- يىلى ئىسلام دىنىنى ھاقارەتلەش بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن پاكىستانلىق ئايال (ئاسىيە بىبى)نىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەن. بۇ قارارنىڭ چىقىشى بىلەن پاكىستان خەلقى ئىسلامئاباد، لوگار ۋە باشقا شەھەرلەردە كەڭ كۆلەمدە نامايىش قىلغان. نامايىشچىلار: «بۇ ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمىز كېرەك» دەپ شوئار توۋلاشقان.



■ 10- ئاينىڭ 31- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى فەراھ ۋىلايىتىنىڭ ئانار داراھ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىردانە تىك ئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن بولۇپ، 25 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ۋە بىر نەچچە نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆلگەن. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە مۇرتەد ئارمىيە «زەپەر» قىسمىنىڭ گېنېرالى نېمەتخان ۋە فەراھ ۋىلايىتىنىڭ مەجلىس ئەزاسى پارىد بەھتاۋارمۇ بار ئىكەن.

■ 11- ئاينىڭ 1- كۈنى سۈرىيە مۇجاھىدلىرى ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئەبۇ قاسىم يېزىسىدىكى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ نۇقتىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ نەپەر مۇرتەد ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇ نۇقتىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان، شۇنداقلا قاچقان نۇسەيرى ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنىسىنى نىشانلاپ ۋەيران قىلىپ، ئاز دېگەندە 10 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن. قېرىنداشلار بۇ نۇقتىلاردىكى قورال-ياراق ۋە ئوق دورىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 11- ئاينىڭ 2- كۈنى پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم سەمىيئۇلھەق راۋالپىندىدىكى ئۆيىدە پىچاقلىنىپ شەھىد قىلىنغان. 80 ياشلىق ئالىم سەمىيئۇلھەق پاكىستاننىڭ ئاكورا ھەتتاكدىكى دارۇلئۇلۇم ھەققانىي مەدرىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. بۇ مەدرىستىن موللا مۇھەممەد ئۆمەر، موللا سىراجىدىن ھەققانى رەھىمەھۇللاھلارغا ئوخشاش نۇرغۇن جىھادىي ئۇستازلار يېتىشىپ چىققان.

■ 11- ئاينىڭ 3- كۈنى مىسىردا رۇسىيىنىڭ بىر دانە MG-29 تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانى مەشىق جەريانىدا چۈشۈپ كەتكەن.



■ 11- ئاينىڭ 3- كۈنى كابۇلدىكى بىر بازىدا ئافغان ئەسكىرى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ئوق چىقىرىپ بىر قانچە نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، بۇ ئەمەلىيەتتە برىنت تايلىر ئىسىملىك بىر ئەسكىرىي مەسئۇل ئۆلگەن.

■ 11- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەششاباب جامائىتى مۇجاھىدلىرى شابالاھا ھۇسا ۋىلايىتىنىڭ بىلىبوكىلى يېزىسى ئەتراپىدا ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرەپتىن تەربىيىلەنگەن سومالىي مۇرتەد ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 11 نەپەر مۇرتەد ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 11- ئاينىڭ 4- كۈنى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى غادا ئەجەمىي، ئاياللارنىڭ ئاممىۋى سورۇندا ھىجاپ كىيىشىنى چەكلەش توغرىسىدىكى يېڭى ماددىنى 11- ئاينىڭ 11- كۈنى باشقا پارلامېنت ئەزالىرىغا سۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. بۇ ئىسلام دۈشمىنىنىڭ پارلامېنتقا سۇنماقچى بولغان ماددىسىنىڭ ئىچىگە «بۇ ماددىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 1000 مىسىر جۇنەي جەرىمانە قويۇش»نى كىرگۈزگەن. بۇ پۇل تەخمىنەن 56 دوللارغا توغرا كېلىدىكەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 10- ئاينىڭ 18- كۈنى ئالجىرىيە دۆلىتى ئاياللارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا نىقاب كىيىشىنى چەكلىگەن.

■ 11- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى فەراھ ۋىلايىتىنىڭ ئىران بىلەن چېگرىلىنىدىغان شابابكوھ رايونىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، بازىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان. جەڭ جەريانىدا مۇجاھىدلار 30 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 20 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان. نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئەسكىرىي ماشىنىلار غەنىيمەت چۈشكەن. مۇجاھىدلار 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ئەسىرگە چۈشكەن ئافغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلىسىدىن بۇلارنىڭ قايتىدىن مۇرتەد ئارمىيە سېپىگە قايتمايدىغانلىقىغا ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ئەسىرلەرنى قويۇپ بەرگەن.

■ 11- ئاينىڭ 5- كۈنى كەچتە تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى پاكتىكا ۋىلايىتى جىيان رايونىنىڭ مەركىزىدىكى بازار ئەتراپىغا ئەسكەر تاشلاش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 21 نەپەر بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرگەن. ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بەش نەپەر ئايال ۋە ئۈچ نەپەر نارەسىدە بالا بار ئىكەن.



■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى فەرياب ۋىلايىتىنىڭ پوشتونكوت رايونىدا ئۈچ دانە ئەسكىرىي نۇقتا ۋە 10 دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ھىرات ۋىلايىتىنىڭ شىندەند رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 24 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە توققۇز نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالىنىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نارازى بولۇش بولسا ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر» (مۇسلىم توپلىغان).

ساھابىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺدىن ئىماننى ئەنە شۇنداق ئۆگەنگەن ۋە چۈشەنگەنكى، ئىمان بولسا ئېتىقاد (يەنى ئىسلامنى تونۇش ۋە تەستىقلاشتىن ئىبارەت قەلبنىڭ سۆزى شۇنداقلا ئىسلامغا مۇھەببەت ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش... دېگەنلەرگە ئوخشىغان قەلبنىڭ ئەملى)، (تىلدىكى) سۆز (يەنى ئىسلامنى ئىقرار قىلىش) ۋە ئەمەلدۇر.

ئەسكەرتىش: بەزى سەلەف سالىھلار ئىماننى سۆز ۋە ئەمەل دەپ ئىككىگە بۆلگەن. «سۆز» دېگەندە ــــ قەلبنىڭ سۆزى، تىلنىڭ سۆزى كۆزدە تۇتۇلسا، «ئەمەل» دېگەندە ــــ قەلبنىڭ ئەملى ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەملى كۆزدە تۇتۇلغان، شۇڭا، سەلەفلەرنىڭ بەزىلىرى قەلبنىڭ سۆزى بىلەن قەلبنىڭ ئەملىنى بىرلەشتۈرۈپلا «ئېتىقاد» دەپ ئاتاپ، ئىماننى ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەل دەپ يۇقىرىقىدەك ئۈچكە بۆلگەن. بەزى ئالىملار ئىمان تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئىماننى قەلبنىڭ سۆزى، قەلبنىڭ ئەملى، تىلنىڭ سۆزى ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەملى دەپ تۆتكە بۆلگەن. مەيلى ئۈچكە بۆلسۇن ياكى تۆتكە بۆلسۇن، يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن ئىبارەتتۇر. تائەت ـ ئىبادەت خاراكتېرلىك قەلب ئەمەللىرى، بەدەن ئەمەللىرى ۋە تىلنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئىمان كۈچەيسە؛ ھارام، گۇناھ ۋە مۇنكەر خاراكتېرلىك قەلب ئەمەللىرى، بەدەن ئەمەللىرى ۋە تىلنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئىمان كېمىيىدۇ. ئىمان ئەھلى ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىدا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىقتا ئالدىرىغۇچى (مۇھسىن)لار بار، ئوتتۇراھال (يەنى مۇئمىن)لار ۋە ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغۇچى (يەنى مۇسۇلمان ياكى پاسىق مۇئمىن)لار بار. دېمەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش ئەمەستۇر، بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن پەزىلەتتە ئارتۇق ۋە دەرىجىدە ئۈستۈن قىلغاندۇر.

(ئاللاھ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا!)

# غازاتلار تارىخى



## ئۇھۇد جېڭىدىن ئېلىنغان ئىبرەتلەرنىڭ داۋامى

سەككىزىنچى، ئۇھۇد جېڭىدىن ئېلىنغان ئىبرەتلەردىن بىرى شۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام پەيغەمبىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا تىل ئۇزارتقانلىقى ھەمدە مۇناپىقلارنىڭ بۇرۇنقى مەخپىي ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتكەنلىكى. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەرنىڭ ئارمىيىسى بولغان مۇجاھىدلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن.

توققۇزىنچى، جەڭنىڭ ئاخىرىدا غەلىبە قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھ تعالى نىڭ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن بۇرىۋەتكەنلىكى. چۈنكى، ئاللاھ تعالى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرەيش مۇشرىكلىرى مەككە تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

ئونىنچى، ئاللاھ تعالى نىڭ پەيغەمبەرلەرگە تۇتۇپ كەلگەن يولىنىڭ سىناقلارغا دۇچار بولۇش ۋە ئاقىۋەتتە غەلىبىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ئەگەر ئۇلار دائىم غەلىبىگە ئېرىشىۋەرگەن بولسا ئىدى، مۇئمىنلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغان كىشىلەرمۇ مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىغا كىرىۋالغان ۋە سەممىمىي كىشىلەر سەممىيەتسىزلەردىن ئايرىلمىغان بولاتتى؛ ئەگەر ئۇلار دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋەرگەن بولسا ئىدى، پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن بولغان مەقسەت ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. شۇڭا، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن سىنىلىش ــــ ھېكمەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئون بىرىنچى، بەزىدە غەلىبىنىڭ كېچىكىشىنىڭ نەپسىمىز ياكى پىسخىكىمىزدىكى ھاكاۋۇرلۇقنىڭ سۇنۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكى. شۇڭا، مۇئمىنلەر سىناقتا يولۇققاندا سەۋر قىلىدۇ، مۇناپىقلار بولسا تاپا ـ تەنە قىلىدۇ.

ئون ئىككىنچى، ئاللاھ تعالى ئۆزىنىڭ جەننىتىدە مۇئمىن بەندىلىرى ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى تەييارلىغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بۇ مەرتىۋىگە يەتمەيدىغانلىقى لېكىن ئاللاھ تعالى ئۇلارنى بۇ مەرتىۋىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىمتىھان ۋە سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىگە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى.

ئون ئۈچىنچى، شەھىدلىك ئەۋلىيالىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تعالى بۇ مەرتىۋىلەرنى مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقى.

ئون تۆتىنچى، ئاللاھ تعالى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شۇ ھالاكەتنى تەقەززا قىلغۇچى سەۋەبلەرنى مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى، زالىملىقى ۋە ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ئازار بېرىشتە ھەددىدىن ئاشقانلىقى قاتارلىقلار. ئاللاھ تعالى مۇشۇ سەۋەبلەر ئارقىلىق مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىپ، كاپىرلارنى يوقىتىدۇ.

ئون بەشىنچى، ئۇھۇد جېڭىدە ئازغىنا ئوقياچىلارنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك شۇنچىۋالا زور ساندىكى ئىسلام قوشۇنى تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك بۇ ئۈممەت قانداقمۇ تالاپەت كۆرمىسۇن؟! بۇ گۇناھلار، مەسىلەن، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جازانە ۋە ھارام مۇئامىلىلەرگە ئوخشاش ئىشلاردىن باشلىنىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى گۇناھلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەتتاكى ئىجتىمائىي گۇناھلارغىچە يېتىپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەربىيە جەھەتتىكى ۋە ئائىلىۋىي مۇئامىلىلەردىكى گۇناھلارنى بىر ئويلىنىپ كۆرۈڭ! شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىبادەتلەردىكى، مەسجىدنىڭ ھەققىدىكى ۋە جىھادقا ئوخشىغان باشقا بۈيۈك ئەمەللەرگە سەل قاراشتىن ئىبارەت گۇناھلارنى ھەم نەزىرىڭىزدىن ھەرگىزمۇ ساقىت قىلماڭ!

(ئاللاھ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا!)

# پىرقىلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بىر ئويلىنىپ كۆرۈڭلار! ھەتتا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان پەيغەمبىرىمىز ﷺمۇ شۇ خاۋارىجلارنىڭ مەنمەنچىلىكى، بىلەرمەنلىك قىلىشى، تىل ئۇزارتىشى ۋە بىھۆرمەتلىك قىلىشىدىن سالامەت قالمىغان يەردە، رەسۇلۇللاھ ﷺدىن باشقىلار ئۇلارنىڭ زىيىنى، ھاكاۋۇرلۇقى، ئەدەپسىزلىكى ۋە يامان گۇمان قىلىشلىرىدىن قانداقمۇ سالامەت قالسۇن!؟

شۇنىڭدەك، ئەلى رضي الله عنهمۇ بامدات نامىزىغا تۇرۇۋاتقان چاغدا، خاۋارىجلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان بولساڭ، سېنىڭ جىمى ئەمەللىرىڭ چوقۇم بىكار قىلىنىدۇ» (سۈرە زۇمەر 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ توۋلىغانىدى، ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ ساڭا بىھۆرمەتلىك بىلەن قىلغان سۆزلىرىگە) سەۋر قىلغىن چۈنكى الله نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» (سۈرە رۇم 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ جاۋاب قايتۇردى» («الإرواء» 2468 ـ ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

ئۈممەتنىڭ كاتتا ۋە ئەڭ ياخشى كىشىلىرىگە مانا بۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىش، تىل ئۇزارتىش ۋە ئەدەپسىزلىك قىلىش قاتارلىق بۇ ئەخلاقسىزلىقلارنى خاۋارىجلار «نەسىھەت قىلىش» ۋە «ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش» دېگەن چىرايلىق شوئارنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئۇرۇندى. زەيد ئىبنى ۋەھب دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى رضي الله عنه نىڭ قېشىغا بىسرەلىك خاۋارىجلاردىن بىر توپ كىشى كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەئد ئىبنى بەئجە ئىسىملىك بىر كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەلى رضي الله عنهغا: <ئى ئەلى! الله تىن قورق، چۈنكى سەن ھامىنى ئۆلىسەن> دېگەنىدى، ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا: <ياق! بەلكى مەن ئۆلتۈرۈلىمەن. مانا بۇ يېرىمگە بىر زەربە ئۇرۇلىدۇ ـ دە، مانا بۇ يېرىم (ساقىلىم) قانغا بويىلىدۇ. بۇ ــــ ئەزەلدىن پۈتۈلگەن قىسمەت ۋە قازادۇر. شۇڭا، يالغاننى توقۇغان كىشى ئاللىبۇرۇن شەرمەندە بولدى> دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ (جەئد) ئەلى رضي الله عنهنى كىيىۋالغان (ياخشىراق) كىيىمى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەنىدى، ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا: <سىلەر نېمە دەپ مېنىڭ كىيىمىم بىلەن قالدىڭلار؟ مېنىڭ بۇ كىيىمىم تەكەببۇرلۇق كۆرۈنۈشىدىن تولىمۇ يىراق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دورىشىغا تېخىمۇ لايىق كىيىمدۇر> دەپ جاۋاب بەردى» (ئەھمەد شاكىر تەھقىقلىغان ئىمام ئەھمەدنىڭ «المسند» ناملىق كىتابى 703 ـ ھەدىس، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد شاكىر «سەھىھ» دېگەن).

ئەلى رضي الله عنهنىڭ بۇ يەردىكى «ئەزەلدىن پۈتۈلگەن قىسمەت» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رضي الله عنهغا پات يېقىندا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە بۇ ئىشنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت بەرگەن بولۇپ، بۇ بىشارەت خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەندەكلا يۈز بەرگەن. مەسىلەن، ئەلى رضي الله عنه خاۋارىجلارنىڭ قولى بىلەن قەستلەنگەن. يەنى، ئەلى رضي الله عنهنى شۇ خاۋارىجلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم مۇرادىي ئۆلتۈرگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئازادگەردىسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رافىئدىن شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: [ھەرۇرىيلار (يەنى خاۋارىجلار) بۆلۈنۈپ چىققاندا «ھۆكۈم پەقەت الله قا خاس!» دەپ توۋلاشتى. (شۇ پەيتتە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رافىئ ئەلى رضي الله عنه بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزىدىن «ئەلى، مۇئاۋىيە ۋە مۇئاۋىيە باشچىلىقىدىكى شام ئەھلى بىلەن بولغان ئىختىلاپتا الله چۈشۈرگەن كىتابنى ھۆكۈم قىلدۇرماستىن بەلكى رىجاللار (يەنى ئەمر ئىبنى ئاس ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە ئوخشىغان داڭلىق شەخسلەر)نى ھۆكۈم قىلدۇردى» دېگەننى مەقسەت قىلغان ئىدى.) شۇ چاغدا ئەلى رضي الله عنه ئۇلارغا مۇنداق رەددىيە بەردى: «<ھۆكۈم پەقەت الله قا خاس!> دېگەن سۆز بولسا باتىل كۆزدە تۇتۇلغان ھەق سۆزدۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى سۈپەتلەپ بەرگەن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ شۇ سۈپىتىنى مانا بۇ كىشىلەر ئىچىدە ئوچۇق كۆرۈۋاتىمەن. (ئۇلارنىڭ سۈپىتى شۇكى) ئۇلار تىللىرى ئارقىلىق ھەقنى سۆزلەيدۇ لېكىن بۇ ھەق ئۇلارنىڭ بۇ يېرىدىن (ئەلى رضي الله عنه شۇ پەيتتە گېلىنى كۆرسەتتى) ئۆتمەيدۇ. ئۇلار الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى الله قا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان كىشىلەردۇر»] («مۇسلىم» توپلىغان).

ئەبۇ ھەفستىن شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: [ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رضي الله عنه خاۋارىجلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان زامانلاردا، ئۇنىڭ بىر خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇ خىزمەتكار ئۆزىنىڭ خوجىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رضي الله عنه بار سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ خاۋارىجلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتكەنىدى، بىز ئۇنى: «ھەي فەيرۇز! ھەي فەيرۇز! ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا مانا بۇ يەردە» دەپ چاقىردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئەگەر ئابدۇللاھ بىز تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلسە نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى ـ ھە!» دېدى. ئابدۇللاھ رضي الله عنه بىزدىن: «بۇ الله نىڭ دۈشمىنى نېمە دەۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ئۇ (فەيرۇز): <ئەگەر ئابدۇللاھ بىز تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلسە نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى ـ ھە!> دەۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئابدۇللاھ رضي الله عنه ئۇنىڭغا (رەددىيە بېرىپ): «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ھىجرەت قىلىپ بولغىنىمدىن كېيىن يەنە ھىجرەت بارىمەنمۇ؟! رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: <ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار)نى ئۆلتۈرگەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە تۇبا (يەنى ئالىي دەرىجىلىك جەننەتلەرنىڭ بىرى) بولسۇن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى] ئىبنى ئەبۇ ئاسىمنىڭ «السنة» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن).

(ئاللاھ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا!)

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

يازدا زىننەت بولۇر دەرەخكە،
كۆزدە سەپەر قىلۇر لەھەتكە.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!

ئاچ قېلىۋېدى،
يېتىپلا قالدى.
تويۇۋېدى ئۇ،
تىك قېتىپ قالدى.
ئۇ توق تۇرسىلا،
كىشى خاتىرجەم.
ئۇ ئاچ قالسىچۇ؟
باشقا چۈشەر غەم.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. ئاسمان.
2. خوراز.





# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا





## ئوسمان خەلىپىتىنى يىقىتقان راك ئۆسمىسى ــــ دۆنمە يەھۇدىيلىرى

دۆنمە يەھۇدىيلىرى مۇتلەق ھالدا ئىنسانلار تۈركۈمى ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىك سىنىپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ساختىلىقنى بايراق قىلىپ ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ھەرقانداقى بۇ يەھۇدىيلارنىڭ تەپەككۇرىنى بايقىيالمايدۇ. ئەڭ باي ھۆكۈمەت بولسۇن ياكى ئەڭ كەمبەغەل ھۆكۈمەت بولسۇن، سەن ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ھۆكۈمەت ياكى دۆلەتلەردە يۇقىرى مەنسەپلەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، لېكىن ئازغىنە دۆلەتلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر ئەزەلدىنلا ئۆز يۇرتلىرىدا يەھۇدىيلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى رەت قىلىپ كەلگەن.

يەھۇدىيلار ئىسپانىيىدە تەپتىش مەھكىمىلىرى سەۋەبلىك تېتىغان ئازابلىرىدىن كېيىن، ياۋروپا ئۇلارغا پاناھلىق بېرىشنى تەلتۆكۈس رەت قىلدى. ئوسمان خەلىپىتى بولسا سۇلتان مۇھەممەد 4 نچىنىڭ دەۋرىدە ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئوسمان خەلىپىتى شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى كەڭ قورساقلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئوسمانىيلار شۇ يەھۇدىيلارغا ئېرىقچىلىق قىلسۇن دەپ نۇرغۇن يەرلەرنى بەرگەن، بولۇپمۇ يەھۇدىيلار ئوسمان خەلىپىتىگە تەۋە بولغان يۇناننىڭ سالونىك شەھىرىدە كۆپ جايغا ئېرىشكەن. ئۇلار پۈختا ئورۇنلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىقىدا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئادىتىدىكىدەك خىيانەتلەرنى پىلانلاشقا باشلىغان.

«دۆنمە» تۈركچە سۆز بولۇپ، «يېنىۋالغۇچى» ياكى «مۇرتەد» دېگەن مەنىدە. تۈركلەر بۇ سۆزنى ئىسلام تونىغا ئورىنىۋالغان مانا بۇ يەھۇدىيلارغا ئىشلەتكەن. چۈنكى، بۇ يەھۇدىيلار قەلبىدە يەھۇدىيلىقنى يوشۇرۇپ، كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى ئاشكارا قىلاتتى. «دۆنمە» دېگەن لەقەمگە نائىل بولغان تۇنجى شەخس بولسا پۈتۈن «دۆنمە»لارنىڭ مەنىۋىي ئاتىسى بولغان كاززاپ ساباتاي ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «ھەممىيلەن تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقان مەسىھ مەن شۇ» دەپ دەۋا قىلغان. ئۇ مەيدانغا چىققاندا ئوسمان خەلىپىتى ئەڭ قىيىن شارائىتلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىدى. بۇ يەھۇدىي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرنى يىغالىدى لېكىن ئوسمان سۇلتانلىقى بۇ يەھۇدىينىڭ ئوسمان خەلىپىتى دائىرىسىدە بىر يەھۇدىي دۆلىتى قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنى تۈرمىگە قامىدى ۋە ئۇنىڭ ئىشىغا قاراپ چىقىش ئۈچۈن ئەدىرنە سارىيىغا يۆتكىدى. شۇنىڭ بىلەن باش ۋەزىر، شەيخۇلئىسلام ۋە شۇ سارايىنىڭ ئىمامى، سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا يىغىلىپ ساباتايغا: «سەن ئۆزۈڭنى كىشىلەر تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقان مەسىھ دەپ دەۋا قىلىۋاتىسەن، ئۇنىداقتا، سەن بىزگە مۆجىزەڭنى كۆرسەت. يەنى بىز سېنى يالىڭاچلاپ بىزنىڭ ئەڭ ئۇستا مەرگەنلىرىمىزگە نىشان قىلىپ بېرىمىز. ئەگەر سېنىڭ بەدىنىڭگە ئوق تەسىر قىلمىسا، سۇلتان سېنىڭ دەۋايىڭنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ» دېگەنىدى، ساباتاي چاقماق تېزلىكىدە ھەممە ئىشنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالدى.

«ئاتا تۈرك»، يەنى تۈركلەرنىڭ ئاتالمىش ئاتىسى مۇستاپا كامال ئۆز دەۋرىدە زامانىۋىي تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، دۆنمە يەھۇدىيلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكى ئاخىرى ئاشكارا بولدى.

سۇلتان مۇھەممەد 4 نچى ساباتايغا مۇسۇلمان بولۇش تەكلىپىنى بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىسلامغا كىرىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ھەتتاكى، ئۇ ئوسمان خەلىپىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ھەم ئالاھىدە تەكىتلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مۇھەممەد ئەزىز ئەپەندى دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە: «الله مېنى مۇسۇلمان قىلدى. مەن سىلەرنىڭ قېرىنداشلار مۇھەممەد بەۋۋاب (يەنى، ئىشىك باقار) بولىمەن. الله مېنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغاچقا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدىم» دېدى.

ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلىقىنى يوشۇرۇپ ئىسلام تونىغا ئورىنىۋالغان بۇ يەھۇدىي تائىپىسى شۇ سۈيىقەستلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ھەتتاكى ئوسمان خەلىپىتى ئىچىدە شۇ تائىپىدىن نۇرغۇن سىياسىي رەھبەرلەر ۋە ھەربىي قوماندانلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى ئاتالمىش «ئاتا تۈرك» (يەنى تۈركلەرنىڭ قوتقازغۇچىسى) دەپ نام ئالغان مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار ۋە كېيىنچە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاشكارا مەيدانغا چىققان زىئونىزم (يەنى يەھۇدىي قىساسچىلىرى) ھەرىكىتى قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلاشقان كىشىلەردۇر. بۇ خىل ھەمكارلىقتىن بولغان مەقسەت بولسا ئوسمان خەلىپىتىدىكى يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئېرىشىش ۋە سۇلتان ئابدۇلھەمىد 2 نچى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئوسمان خەلىپىتىنى يىقىتىش ئىدى.

شۇڭا، دۆنمە يەھۇدىيلىرى «تۈرك ياشلار جەمئىيىتى» نامىدا بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت تۈركلەرنى ئۆزلىرىگە ئەزا قىلىش ئارقىلىق ئىلمانىزم (يەنى دىننى دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش ئېقىمى) ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئىسلامىي بولغان ھەرقانداق نەرسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلاتتى، نەتىجىدە، بۇ جەمئىيەتكە ئارمىيىنىڭ ئىچىدىن زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر قېتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى» دەپ تونۇلغان تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىبراھىم ساتروۋا كېيىنكى چاغلاردا تۈركىيە ياشلار جەمئىيىتىنىڭ «ئەسكىرىي قانىتى» بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى مىلادىيە 1909 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد 2 نچىگە قارشى ئىنقىلاب قوزغىدى (يەنى ھەربىي ئۆزگىرىش قىلدى). ئالدى بىلەن ئۈچ نەپەر گېنېرال ئابدۇلھەمىد 2 نچىگە تەختتىن چۈشۈش قارارىنى سۇندى. بۇ ئۈچ نەپەر گېنېرالنىڭ ئىككىسى يەھۇدىي ئىدى. نەتىجىدە، مانا بۇ ئاغدۇرمىچىلار سۇلتان ئابدۇلھەمىد 2 نچىنى سالونىك شەھىرىگە سۈرگۈن قىلدى. نېمىدېگەن ئاجايىپ قىسمەت بۇ ـ ھە! چۈنكى سالونىك شەھىرى بولسا ئەينى زاماندا ئىسپانىيە تەپتىش مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغان يەھۇدىيلار، ئوسمانىيلار خەلىپىسى مۇھەممەد 4 نچى تەرىپىدىن مېھمان سۈپىتىدە يەرلەشتۈرۈلگەن شەھەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئاتالمىش «ئاتا تۈرك» مۇستاپا كامال ئەينى چاغدا زامانىۋى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئايلانغان ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىن، دۆنمە يەھۇدىيلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. ئۇ بۇ دۆلەتكە 15 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەسلىتىدىغان ھەرقانداق كۆرۈنۈشلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچتى. ئۇ باسقان بىرىنچى قەدەم بولسا ئوسمانىيلار خەلىپىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بولغان بولۇپ، ئۇ يەنە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى تۈرك يېزىقىنى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى تۈرك يېزىقىغا ئۆزگەرتتى. بارلىق ئىسلامىي كۆرۈنۈش ۋە تۈسلەرنى مەنئىي قىلدى. ئالايلۇق، ئەزاننى ئەرەبچە تۇۋلاشنى چەكلەش، ھىجابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە شەيخۇلئىسلاملىق مەنسىپىنى بىكار قىلىش قاتارلىقلار.

شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچقان دەۋرىدىن تارتىپلا خىيانەت ۋە ئەھدىلەرنى بۇزۇشقا تولغان. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئەھزاب غازىتىدا مەدىنىنىڭ چېگراسىنى ئەھزاب (يەنى ئىتتىپاقداش قوشۇن)لارغا ئېچىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت خىيانەتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. («مدونة الجزيرة»دىن ئېلىندى).

# ئەسكىرىي تەلىم




رازۋېدكا ــــ تاكتىكىنىڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، رازۋېدكىچى گۇرۇپ ئارمىيىنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. رازۋېدكا ئەمەلىيەت قىلىش ئۈچۈن ۋە دۈشمەن ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

رازۋېدكا قىلىش ــــ ئاڭلاش، تەكشۈرۈش، پىستىرما قويۇش، بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ قويۇپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋېلىش (يەنى رازۋېدكا جەريانىدا كۆزەتكەن بولساقمۇ، لېكىن دۈشمەن مۇداپىئەلىرىنىڭ سانى، ئورنى ۋە قايسى مۇداپىئەدە قايسى قورالى بارلىقىنى بىلەلمىدۇق. بۇ ئەھۋالدا، بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەننىڭ ئوقى تەسىر قىلمايدىغان بىخەتەر ئورنىدا تۇرۇپ دۈشمەنگە ئوق ئاتىدۇ، بىر تۈركۈمىمىز دۈشمەننىڭ قانچە مۇداپىئەسى ۋە قايسى قوراللىرى بارلىقىنى بىلىۋالىمىز، بۇ ئۇسۇلنى ئەھۋالغا قاراپ ئىشلەتسەك بولىدۇ) ۋە دۈشمەننىڭ ئالاقە ئۇسكۇنىلىرىنى مەخپىي تىڭشاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## رازۋېدكىنىڭ مەقسىتى

دۈشمەننىڭ سانى، قورالى، مەقسىتى، قانداق قوشۇن ئىكەنلىكى (يەنى قوشۇننىڭ خاراكتېرى ياكى سالاھىيىتى)، كونا ـ يېڭىلىقى، دۈشمەن جايلاشقان ئورۇننىڭ قانداقلىقى، دۈشمەننىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈك تەرەپلىرىنى بىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رازۋېدچىكلار رازۋېدكىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئورۇنداش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

رازۋېدكا گۇرۇپپىسىغا قانداق ۋەزىپە بېرىلگەن بولسا ئىجتىھاد قىلماي پەقەت شۇنىلا ئىجرا قىلىش كېرەك.

مىسال: ئەمىر رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنى بىر يەرگە رازۋېدكا قىلىپ دۈشمەن ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا ئەۋەتكەن بولسا، رازۋېدچىكلار يۇقىرىدا سۆزلەنگەن رازۋېدكىنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش بېجىرىشى، باشقا ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. رازۋېدكىغا كېتىۋاتقان ياكى قايتىۋاتقىنىمىزدا، بىز بىمالال مەغلۇب قىلالايدىغان دۈشمەننىڭ بىر كىچىك گۇرۇپپىسىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ بۇلارغا ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز ۋە ياكى بىرەر دېھقاننى كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ چېقىلماسلىقىمىز بەلكى كۆرۈنمەي ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك. ناۋادا «كۈچىمىز يېتىدىكەنغۇ» دەپ، ئۇچرىغانلا نىشاننى ئۇرۇپ، غەنىيمەت ئېلىپ كەلسەك؛ بىرەر دېھقان، ياكى پادىچى دېگەندەكلەر ئۇچراپ قالسا، «بۇنىڭدىن دۈشمەن ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئىگىلىيەلەيمىز» دەپ ئىجتىھاد قىلىپ سوراق قىلساق ياكى تۇتۇپ ئېلىپ كەتسەك، دۈشمەن بۇنى ئىنقىلاپ، بىزنىڭ ئۇلارنى رازۋېدكا قىلغىلى كەلگەنلىكىمىزنى بىلىپ قېلىپ يەنە قايتا كېلىشىمىزگە بىزگە پىستىرما قويۇشى مۇمكىن ياكى بىزنىڭ رازۋېدكا قىلىپ، مەلۇمات ئېلىپ جەڭ ئەمەلىيىتى قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ، مۇداپىئەلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى ۋە تېخىمۇ سەگەك تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئەمىر: «دۈشمەن ئۇچراپ قالسا كۆرۈنمەڭلار، مەخپىي بېرىپ، مەخپىي كېلىڭلار!» دەپ تەكىتلىگەندە، چوقۇم چېقىلمايمىز. بىزنى رازۋېدكا قىلىشقا بۇيرۇپلا، ھېچقانداق ئىشتىن توسمىسىمۇ، ئۇچراپ قالغان ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدىغان تەييار ئولجىلارغا چېقىلماي، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارغا كۆرۈنمەي قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئەمىر بىزنى رازۋېدكىغا ئەۋەتكەندە: «دۈشمەننىڭ بىرەر كىچىك گۇرۇپپىسىنى كۆرۈپ قالساڭلار، كۈچۈڭلار يەتكۈدەك بولسا ئۇرۇپ، ئەسىر ئالالىغۇدەك بولسا ئەسىر ئېلىپ كېلىڭلار» دېسە، شۇنداق قىلىمىز. چۈنكى، ئەمىرلەر بىزنى بىرەر ئىشتىن توسسا ياكى بۇيرىسا، ئۈممەتكە كېلىدىغان پايدا ـ زىياننى كۆزدە تۇتۇپ بۇيرۇيدۇ. (نحسبهم كذالك والله حسيبهم) بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئىتائەت قىلىشىمىز ۋاجىب بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق قىلىش ھەم رازۋېدكىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىز، بىز دۈشمەننى ياكى ئادەمى بىر خەلقنى كۆرۈپ، ئۇلار بىزنى كۆرمىگەندىكى ئەھۋال. دەرۋەقە، ئەگەر دۈشمەن بىزنى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلىمىسەكمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىمىز تەبىئىي ئەھۋال، بۇنداق ئەھۋالدا «بىز رازۋېدكىغا كىرگەن، رازۋېدكىدا ئوق چىقارمايتتۇق» دېسەك، دۈشمەن بۇنىڭغا قاراپ تۇرمايدۇ، لېكىن بىز ئامال بار بىر ـ بىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ، تەرتىپ بويىچە تېز چېكىنىپ چىقىۋېلىشىمىز كېرەك. يەنى دۈشمەننىڭ ئۈستۈن كۈچ دائىرىسىدە ئۇزاق تىركىشىپ تۇرۇشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. ئەگەر بىز رازۋېدكا ئەمەلىيىتى قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن كونتروللۇقىدىكى دائىرىگە كىرگەندە، بىرەر دېھقان ياكى پادىچى ۋە ياكى ئەسكەر بولمىغان باشقا ھەرقانداق ساددا كىشىلەر بىزنى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇنى تۇتۇپ، ئىككى ئادەم ياكى ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەمنى ساقلاشقا قويىمىز، يالغۇز بىرلا ئادەمنى قويۇپ قويمايمىز. ساقلاشقا ئادەم قويۇپ بولغاندىن كېيىن، قالغانلار ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداشقا ماڭىمىز. دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇتقۇنلارنى قويۇۋېتىپ دەرھال بۇ يەردىن تېز سۈرئەتتە يىراقلىشىشىمىز لازىم. ئەگەر بىز رازۋېدكىنى ئورۇنداپ بولۇپ قايتىۋاتقاندا ئۇچراپ قالسا، بۇ يەردىن تېز قايتىپ چىقىپ كېتىمىز، بۇ يەرگە بۇندىن كېيىن كىرمەيمىز، كىرىشكە توغرا كەلسە ئېھتىيات سەۋەبلىرىنى ياخشى تۇتۇپ باشقا يوللار بىلەن كىرىشىمىز كېرەك. (الله اعلم)

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)